# كىمكى ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت ئالىدۇ

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: مەن مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ قېشىغا كىردىم ۋە كىشىلەر بىلەن تەرەت ئېلىش كېرەك بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشتۇق. مەرۋان: ئەۋرىتىنى تۇتقان كىشىمۇ تەرەت ئالامدۇ؟ دېدى، ئۇرۋە: مەن ئۇنى بىلمىدىم دېدى. مەرۋان: ماڭا بۇسرە بىنتى سەپۋان ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: «ئەۋرىتىنى تۇتقان كىشى تاھارەت ئالىدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، دەيدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - [نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئۇرۋە ئۆزىنىڭ مەرۋان ئىبنى ھەكەم مەدىنىگە ئەمىر بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەنلىكىنى ۋە ئۇ يەردە تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان نەرسىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقانلىقىنى، مەرۋاننىڭ: ئەۋرەتنى تۇتسا تەرەت سۇنىدۇ دېگەنلىكىنى، ئۇرۋىنىڭ: مەن بۇنىڭ دەلىلىنى بىلمەيمەن، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان بىرەر ھەدىسنى بىلمەيمەن دېگەندە، مەرۋاننىڭ ماڭا بۇسرە بىنتى سەپۋان ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: «ئەۋرىتىنى تۇتقان كىشى تاھارەت ئالىدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى دەپ خەۋەر بېرىدۇ. تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «تاھارەت ئالمىغۇچە ناماز ئوقۇمىسۇن» دېيىلگەن، بۇ ھەدىس: ئەۋرەتنى شەھۋەت بىلەن تۇتسۇن ياكى شەھۋەتسىز سىلىسۇن، بىرەر مەقسەت بىلەن سىلىسۇن ياكى مەقسەتسىز تۇتسۇن تاھارەتنىڭ سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭ شەرتى بىۋاستە سىلىغان ياكى تۇتقان بولۇشى كېرەك. يەنى كىيىمنىڭ ئۈچىدىن سىلىغان بولۇشى كېرەك، ئەگەر كىيىمنىڭ سىرتىدىن سىلىغان ياكى تۇتقان بولسا، بۇنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ھەقىقى سىلاش بولمايدۇ، ھەقىقى سىلاش دېگەن: بىر ئەزانىڭ يەنە بىر ئەزاغا بىۋاستە تېگىشىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنى نەسائى ۋە باشقا ھەدىس ئالىملىرى رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر ئىپادىلەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قولىنى بىۋاستە ئەۋرىتىگە ئېلىپ بارسا، ئارىسىدا ھېچقانداق توساق بولمىسا، ئۇ كىشى تاھارەت ئېلىشى كېرەك» سۇبۇلۇس سالام 1-توم 97-بەت، پەتھى زىلجەلالى ۋەلئىكرام 1-توم 260-261-بەت، تەۋزىيھۇل ئەھكام 1-توم 298-بەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8397

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee